# كىرىش سۆز

الحمد لله رب العلمين. الصلاة والسلام على رسوله محمد وعلى آله وأصحابه قارِئِي القرآن بتجويده.
أما بعد:

قۇرئان ئوقۇغۇچى ھەر بىر شەخسنىڭ قۇرئان كەرىمنى رەتىلىك، توغرا تەلەپپۇزدا ئوقۇشى ئۈچۈن تەجۋىد ئىلمىنى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئىلگىرىكى ئىسلام ئالىملىرىمىز بىزگە قالدۇرغان تەجۋىد كىتابلىرى خېلىلا يېتەرلىك بولسىمۇ، ھەربىر كىتابنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا، ئۇ كىتابلار بىرلەشتۈرۈلسە، تەجۋىد قائىدىلىرى تېخىمۇ پۇختا، مۇكەممەل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ «تەجۋىد رىسالىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن مىساللار كۆپىنچە 30-پارىدىن تاللاپ ئېلىندى.

بۇ رىسالىنى تۈزۈشتە ئۇلۇغ غازى، شەھىد ئالىمىمىز ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن كىلاسسىك ئۇيغۇر تىلىدىكى « تجويدُ تركي »، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇلمەجىد سادىقۇلئابادى تۈزگەن « كتابُ التجويد »، ئۇنىڭدىن باشقا قاغىلىقتا تۈزۈلگەن « تجويدُ الصبيان »، شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىدىن مۇتەللىپ سىدىق تۈزگەن « ئەرەب تىلىدىن ئاساس » قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلىنىلدى.

ئىنسان بولغاچقا ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ خاتالىقتىن خالىي بولۇش تەس ئىكەن. شۇڭا قېرىنداشلارنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزغا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشىنى ۋە مۇشۇ ئىشىمىز ئارقىلىق ياخشىلىقىمىزنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

-تۈزگۈچىدىن

**بسم الله الرحمن الرحيم**


تەجۋىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەجۋىد ـــ قىرائەتنى ياخشىلاش دېمەكتۇر. يەنى قۇرئان كەرىمنى جىبرىئىل عليه السلام محمدعليه السلام غا محمد عليه السلام ساھابىلىرىغا ئوقۇپ بەرگەندەك، ھەربىر ھەرپنى ئۆزىگە خاس مەخرەج ( چىقىش ئورنى ) دىن چىقىرىپ ۋە باشقا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، تولۇق ۋە توغرا تەلەپپۇزدا ئوقۇشتىن ئىبارەت.

## 1-بۆلۈم مَخارِجُ الحُروف

ئەرەب تىلىدا 29 ھەرپ بار.

1-سوئال: بۇ 29 ھەرپ قانچە ئورۇن ( مخرج ) دىن چىقىدۇ ؟



تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى

جاۋاب: 17 ئورۇن ( مخرج ) دىن چىقىدۇ.

2-سوئال: ھەرپلەرنىڭ چىقىش ئورنى ( مخرج) قانداق بىلىنىدۇ ؟

جاۋاب: شۇ ھەرپكە ساكىننى ۋە ئۈچ خىل ھەرىكەت ( پىچ، زەبەر، زىر ) نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

3-سوئال: ئۇ 17 مەخرەج قايسى؟

جاۋاب: ئۇلار مۇنۇلار دىن ئىبارەت.

1-مەخرەج: ئىغىز بوشلۇقى، بۇ مەخرەجدىن « و، ا، ي » يەنى مەد ھەرپلىرى چىقىدۇ.

« و » ئۆزى ساكىنلىق ئالدىنقى ھەرپ پىچلىق ھالەتتە بىر ئەلىف مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، « و » ھەرپىنى ئوقۇغاندا لەۋ يۇمۇلاقلىنىدۇ.

« ا » داۋاملىق بەلگىسىز كېلىپ ئالدىنقى ھەرپ زەبەرلىك ھالەتتە بىر ئەلىف مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، « ا » ھەرپىنى ئوقۇغاندا لەۋ چوڭراق ئېچىلىدۇ.

« ي » ئۆزى ساكىنلىق، ئالدىنقى ھەرپ زىرلىق ھالەتتە بىر ئەلىف مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ، « ي » ھەرپىنى ئوقۇغاندا لەۋ نورمال ئېچىلىدۇ.

<u>ئەسكەرتىش</u>: حَرفْ مَدْ بولغان « ا » داۋاملىق بەلگىسىز كېلىپ، ئالدىدىكى ھەرپ زەبەر ئوقۇلىدۇ. ئەگەر حَرفْ مَدْ بولغان « ا » بەلگىلىك ( ـُ ـَ ـِ ) كەلسە ھەمزە دېيىلىدۇ.

2-مەخرەج: گالنىڭ ئاخىرقى قىسمى، بۇ مەخرەجدىن « أ » ۋە « ه » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز بوغۇز ( كىكىردەك ئاستىدىن ئېغىز بوشلۇقى) دا « أ » دە پارتىلاپ، راۋان چىقىدۇ. « ه » دا ئۈستۈن تامغاققا ئازراق سىيرىلىپ راۋان چىقىدۇ. مەسىلەن: أَأْ أَ إِ أُ، أَهْ هَ هِ هُ

3-مەخرەج: گالنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، بۇ مەخرەجدىن « ع » بىلەن « ح » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل تۈۋىنىڭ « ح » دە گالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يېقىنلىشىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. « ع » دە تىل تۈۋىنىڭ گالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تېگىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَحْ حَ حِ حُ، أَعْ عَ عِ عُ

4-مەخرەج: گالنىڭ باش قىسمى، بۇ مەخرەجدىن « غ » بىلەن « خ » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل تۈۋىنىڭ گال ئېغىزىغا « غ » دە ئازراق تېگىشى بىلەن « خ » دە يېقىنلىشىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَغْ غَ غِ غُ، أَخْ خَ خِ خُ

5-مەخرەج: تىل تۈۋى بىلەن كىچىك تىل، بۇ مەخرەجدىن « ق » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل تۈۋىنىڭ كىچىك تىلغا تېگىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَقْ قَ قِ قُ

6-مەخرەج: تىل ئۈستى بىلەن يۇمشاق تامغاق، بۇ مەخرەجدىن « ك » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئۈستىنىڭ يۇمشاق تامغاققا تېگىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَكْ كَ كِ كُ

7-مەخرەج: تىل ئوتتۇرىسى بىلەن قاتتىق تامغاق، بۇ مەخرەجدىن تەرتىپ بويىچە ئاۋۋال « ج » ئاندىن « ش » ئاندىن « ي » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئوتتۇرىسىنىڭ « ج » دا قاتتىق تامغاققا تېگىشى بىلەن پارتلاپ « ش , ي » دا قاتتىق تامغاققا تېگىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَجْ جَ جِ جُ، أَشْ شَ شِ شُ، أَيْ يَ يِ يُ

8-مەخرەج: تىل يېنى بىلەن ئۈستۈنكى ئېزىق چىش، بۇ مەخرەجدىن « ض » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل يېنىنىڭ ئۈستۈنكى ئېزىق چىشلارغا تېگىپ، ئىككى لەۋنىڭ يۇمىلاقلىنىشى بىلەن چىقىدۇ. مەسىلەن: أَضْ ضَ ضِ ضُ

9-مەخرەج: تىل يېنى بىلەن ئۈستۈنكى مەگەن چىش ياكى تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش تۈۋى. بۇ مەخرەجدىن « ل » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل يېنىنىڭ ئۈستۈنكى مەگەن چىشقا ياكى تىل ئۇچىنىڭ ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىش تۈۋىگە تېگىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَلْ لَ لِ لُ

10-مەخرەج: تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىشنىڭ تۈۋى، بۇ مەخرەجدىن « ن » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئۇچىنىڭ ئۈستۈنكى ئۇدۇل چىشنىڭ تۈۋىگە تېگىشى بىلەن بۇرۇندىن چىقىدۇ. مەسىلەن: أَنْ نَ نِ نُ

11-مەخرەج: تىل ئۇچىنىڭ ئارقىسى بىلەن قاتتىق تامغاق، بۇ مەخرەجدىن « ر » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئۇچى ئارقىسىنىڭ قاتتىق تامغاققا يېقىنلىشىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَرْ رَ رِ رُ

12-مەخرەج: تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈن تەرەپتىكى ئۇدۇل چىشنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى، بۇ مەخرەجدىن تەرتىپ بويىچە ئاۋۋال « ط » ئاندىن « د » ئاندىن « ت » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل

ئۈچىنىڭ ئۇستۇن تەرەپتىكى ئۇدۇل چىشىنىڭ ئۇستۇنكى يىپىرىمىغا « ط » لەۋنىڭ يۇملاقلىنىشى « د ، ت » لەۋنىڭ نورمال ئېچىلىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَطْ طَ طِ طُ، أَدْ دَ دِ دُ، أَتْ تَ تِ تُ

13-مەخرەج: تىل ئۇچى بىلەن ئاستىنقى ئۇدۇل چىشىنىڭ تۇۋى، بۇ مەخرەجدىن تەرتىپ بويىچە ئاۋۋال « ص » ئاندىن « س » ئاندىن « ز » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئۈچىنىڭ ئاستىنقى ئۇدۇل چىشىنىڭ تۇۋىگە تېگىپ « ص » دا لەۋنىڭ يۇملاقلىنىشى بىلەن، « س ، ز » دە لەۋنىڭ نورمال ئېچىلىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَصْ صَ صِ صُ، أَسْ سَ سِ سُ، أَزْ زَ زِ زُ

14-مەخرەج: تىل ئۇچى بىلەن ئۇستۇنكى ئۇدۇل چىشىنىڭ ئۇچى، بۇ مەخرەجدىن تەرتىپ بويىچە ئاۋۋال « ظ » ئاندىن « ذ » ئاندىن « ث » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز تىل ئۈچىنىڭ ئۇستۇنكى ئۇدۇل چىشلارنىڭ ئۇچىغا يېقىنلىشىپ، « ظ » دە لەۋنىڭ يۇملاقلىنىشى بىلەن، « ذ، ث » دە لەۋنىڭ نورمال ئېچىلىشى بىلەن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَظْ ظَ ظِ ظُ، أَذْ ذَ ذِ ذُ، أَثْ ثَ ثِ ثُ

15-مەخرەج: ئۇستۇنكى ئۇدۇل چىشىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستىنقى لەۋ، بۇ مەخرەجدىن « ف » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز ئۇستۇنكى ئۇدۇل چىشىنىڭ ئۈچىنىڭ ئاستىنقى لەۋگە تېگىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَفْ فَ فِ فُ

16-مەخرەج: ئىككى لەۋ، بۇ مەخرەجدىن « ب، م » چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاۋاز ئىككى لەۋنىڭ بىر-بىرىگە « ب » دە چىڭراق، « م » دا بولسا بوشراق تېگىشىشى بىلەن پارتىلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: أَبْ بَ بِ بُ، أَمْ مَ مِ مُ

17-مەخرەج: بۇرۇن بوشلۇقى، بۇ مەخرەجدىن غۇننە بولغان تەنۋىن ۋە ساكىنلىق نۇن چىقىدۇ. مەسىلەن: مً مٍ مٌ، مَنْ مِنْ مُن

## 2-بۆلۈم مُهِمَّاتُ صِفَاتِ الْحُرُوْف

1-سوئال: ھەرپلەرنىڭ قانچە مۇھىم سۈپىتى بار؟

جاۋاب: ھەرپلەرنىڭ قَلْقَلَةٌ ( تىترىتىپ ئوقۇش )، إِسْتِعْلاءٌ ( چوڭايتىپ ئوقۇش )، إِسْتِفالٌ ( كىچىكلىتىپ ئوقۇش ) دىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم سۈپىتى بار.

2-سوئال: قَلْقَلَةٌ ( تىترىتىپ ئوقۇش ) ھەرپى قانچە؟

جاۋاب: « قُطْبُ جَدٍ » دىكى بەش ھەرپ ( ق ط ب ج د ) دۇر.

3-سوئال: بۇ قَلْقَلَةٌ ھەرپلىرى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: بۇ ھەرپلەر ئۆزى ساكىن بولۇپ ئالدىدىكى ھەرپ پىچلىق بولسا پىچقا مايىل، زەبەرلىك بولسا زەبەرگە مايىل، زىرلىق بولسا زىرغا مايىل ئوقۇلىدۇ. ھەممىسى زەبەرگە مايىل ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بِرَبِّ الفَلَقْ، مَطْلَعِ الْفَجْر

4-سوئال: إِسْتِعْلاء ( چوڭايتىپ ئوقۇش ) ھەرپلىرى قانچە؟

جاۋاب: إِسْتِعْلاء ھەرپلىرى ( ص ض ط ظ غ خ ق ) دىن ئىبارەت يەتتە ھەرپىدۇر. بۇ ھەرپلەر داۋاملىق چوڭايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: غَيْرِ الْمَغْضُوْبِ عَلَيْهِمْ، إِذَ اوَقَبَ

5-سوئال: إِسْتِفال ( كىچىكلىتىپ ئوقۇش ) ھەرپلىرى قانچە؟

جاۋاب: إِسْتِعْلاء ھەرپلىرىدىن باشقا 22 ھەرپ إِسْتِفال ھەرپلىرىدۇر. مەسىلەن: لَكُمْ دِيْنُكُمْ، فَسَبِّحْ

6-سوئال: إِسْتِفال ھەرپلىرى إِسْتِعْلاء ھەرپلىرىدىن كېيىن كەلسە قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: إِسْتِعْلاء ھەرپلىرىگە ئەگەشتۇرۇلۇپ چوڭايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: فِيْ صُدُوْرِ النَّاسِ، بِالصَبْرِ

## 3-بۆلۈم حُكْمُ الَّامِ فِى لَفْظِ اللّٰهِ

1-سوئال: « اللّــه » دېگەن ئۇلۇغ لەپزىدىكى « ل » نەچچە خىل ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. بۇ « ل » نىڭ ئالدىدىكى

ھەرپ زەبەرلىك ياكى پىچلىق بولسا چوڭ ئايتىپ، زىرلىق بولسا كىچىكلىتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: هُوَ اللهُ، نَصْرُ اللهِ، فِى دِيْنِ اللهِ، بِسْمِ اللهِ

2-سوئال: « ل » ھەرپى « اللّه » دىگەن لەپزىدىن باشقا ئورۇندا كەلسە قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ھەر ۋاقىت كىچىكلىتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: اَلْحَمْدُ، اَلْعالَمِيْنَ

# 4-بۆلۈم حُكْمُ الْألِف

1-سوئال: ئەلىف « أ » قانچە خىل ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. ئەلىف إسْتِعْلاء ھەرپلىرى ۋە « ر » ھەرپىدىن كېيىن كەلسە چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ. إسْتِفال ھەرپلىرىدىن كېيىن كەلسە كىچىكلىتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: وَلَضَّالِّيْنَ، رَاضِيْةٌ، تَوَّاباً، وَمَا

# 5-بۆلۈم حُكْمُ الرّاءِ

1-سوئال: « ر » نەچچە خىل ھالەتتە چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: « ر » بەش خىل ھالەتتە چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ.

1) « ر » ئۆزى زەبەرلىك ياكى پىچلىق بولسا چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: بِرَبِّ النَّاسِ، يَصْدُرُ النَّاسُ

2) « ر » ئۆزى ساكىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پىچلىق بولسا چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: وَ انْحَرْ، قُرْ آنٌ مَجِيْدٌ

3) بىر كەلىمىدە ئالدى زىرلىق، ساكىنلىق « ر » دىن كېيىن إسْتِعْلاء ھەرپلىرى كەلسە، بۇ « ر » چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: لَبِالْمِرْصَادِ

4) ساكىنلىق « ر » نىڭ ئالدىدىكى ئىككىنچى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پىچلىق بولسا « ر » چوڭ ئايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: بِالصَّبْرِ، فِى الصُّدُوْرِ

5) « ر » ئۆزى ساكىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ئارىز زىر (ئالدىدىكى سۆزنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا يوق، ئايرىپ ئوقۇغاندا بار، بولغان زىر ) بولسا ئۇ « ر » چوڭئايتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ارْجِعِىْ

ئەسكەرتىش: « ر » ئەسلىدە كىچىكلىتىپ ئوقۇش ھەرپى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقارقى چوڭئايتىپ ئوقۇش ئورۇنلىرىدىن باشقا ئورۇنلاردا كەلسە، كىچىكلىتىپ ئوقۇلىدۇ.

## 6-بۆلۈم حُكْمُ التَّنْوِيْن وَ النُّونِ السَّاكِنَة

1-سوئال: تَنْوِيْن ( نۇنلىشىش ) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوقۇشتا بار، يېزىقتا يوق بولغان ساكىنلىق « ن » نى بىلدۈرىدىغان قوش زەبەر ( ـً )، قوش زىر ( ـٍ )، قوش پىچ ( ـٌ ) تەنۋىن دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: عَلِيْمٌ، عَلِيْماً، بِعَلِيْمٍ

2-سوئال: ساكىنلىق « ن » دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوقۇشتا ۋە يېزىقتا بار بولغان ساكىنلىق نۇن ( نْ ) نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: وَمِنْ شَرِّ

3-سوئال: تەنۋىن ۋە ساكىنلىق « ن » نىڭ قانچە ھۆكۈمى بار؟

جاۋاب: إِظْهَار ( ئاجرىتىپ ئاشكارا ئوقۇش )، إِخْفَاء ( يوشۇرۇپ ئوقۇش)، إِقْلاب ( ئۆرۈپ ئوقۇش )، إِدْغَام مَعَ الغُنَّة ( ھەرپنى ھەرپكە كىرگۈزۈپ، ئاۋازنى بۇرۇندىن چىقىرىپ ئوقۇش )، إِدْغَام بِلاغُنَّة (ھەرپنى ھەرپكە كىرگۈزۈپ غۇننىسىز، يەنى ئاۋازنى بۇرۇندىن چىقارماي ئوقۇش) تىن ئىبارەت بەش خىل ھۆكۈمى بار.

4-سوئال: إِظْهَار ( ئاجرىتىپ ئاشكارا ئوقۇش ) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » گال ھەرپلىرى بولغان « أ ھ ع ح غ خ » دىن ئىبارەت ئالتە ھەرپنىڭ بىرىگە ئۇچراشسا، تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » نى ئاجرىتىپ ئاشكارا ئوقۇش إِظْهَار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: أَنْعَمْتَ، غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ، عَنْهُ

5-سوئال: إِخْفَاء ( يوشۇرۇپ ئوقۇش ) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » ئەگەر « صِفْ ذَا ثَنَا جُوْد

شَخْصٍ قَدْ سَمَا كَرَمَا   ضَعْ ظَالِماً ذِدْ تُقَاً دُمْ طَالِباً فَتَرى » دېگەن بۇ بېيت ئۆزئىچىگە ئالغان « ت ث ج د ذ ز س ش ص ض ط ظ ف ق ك » دىن ئىبارەت 15 ھەرپنىڭ بىرىگە ئۇچراشسا تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » يوشۇرۇپ، ئاۋازنى بۇرۇندىن چىقىرىپ ئوقۇش إِخْفَاء دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: جَنَّاتٍ تَجْرِىْ، مِنْ سِجِّيْلٍ

6-سوئال: إِقْلاب ( ئۆرۈپ ئوقۇش ) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » ئەگەر « ب » ھەرپىگە ئۇچراشسا « م » غا ئۆرۈپ ئاۋازنى بۇرۇندىن چىقىرىپ ئوقۇش إِقْلاب دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: سَمِيْعٌ بَصِيْرٌ، لَيُنْبَذَنَّ

7-سوئال: إِدْغَامٌ مَعَ الغُنَّةِ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەنۋىن ياكى ساكىنلىق « ن » ئەگەر « ي م ن و » دىن ئىبارەت تۆت ھەرپنىڭ بىرىگە ئۇچراشسا، تەنۋىن ياكى ساكىنلىق نۇننى شۇ ھەرپكە كىرگۈزۈپ، ئاۋازنى بۇرۇندىن چىقىرىپ ئوقۇش إِدْغَام مَعَ الغُنَّة دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: حَبْلٌ مِّنْ مَّسَدٍ، خَيْرا ً يَّرَهُ

<u>*ئەسكەرتىش:*</u> ساكىنلىق « ن » ئەگەر « و » ياكى « ي » بىلەن بىر سۆزدە كەلسە إِظْهَار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: قِنْوَانٌ، بُنْيَانٌ

8-سوئال: إِدْغَام بِلاغُنَّة دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەنۋىن ياكى ساكىنلىق نۇن « ل » بىلەن « ر » گە ئۇچراشسا، تەنۋىن ياكى ساكىنلىق نۇننى ئۇ ئىككى ھەرپنىڭ بىرىگە كىرگۈزۈپ ئوقۇش إِدْغَامٌ بِلاغُنَّةِ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: وَلَمْ يَكُنْ لَّهُ، فِى عِيْشَةٍ رَّاضِيَةٍ، مِنْ رَّبِّهِمْ

## 7-بۆلۈم حُكْمُ إِدْغَامِ الحُرُوْفِ السَّاكِنَة

1-سوئال: ساكىنلىق ھەرپنىڭ ئىدغام قىلىنىش ھۆكۈمى قانچە؟

جاۋاب: تۆت خىلدۇر.

1) إِدْغَام مِثْلَيْن مَعَ الْغُنَّة ( ئوخشاش ئىككى ھەرپنى غۇننە

قىلىپ بىر. بىرىگە كىرگۈزۈش )

2) إِدْغَـام مِثْلَـيْن بِلاغُنّـة ( ئوخشـاش ئىككـى ھەرپنـى غۇننىسـىز بىر. بىرىگە كىرگۈزۈش )

3) ِدْغَـامُ مُتَجَانِسَـيْن ( مەخرىجـى بىـر، نـامى باشـقا بولغـان ئىككى ھەرپنى بىر. بىرىگە كىرگۈزۈش )

4) إِدْغَـام مُتَقَـارِبَيْن ( مەخرىجـىدە يىقىـن بولغـان ئىككـى ھەرپنى بىر. بىرىگە كىرگۈزۈش) دىن ئىبارەت.

2-سوئال: إِدْغَام مِثْلَيْن مَعَ الْغُنّة دىگەن نىمە؟

جـاۋاب: سـاكىنلىق « ن » نۇنغـا، سـاكىنلىق « م » مىمغـا ئۇچراشسـا إِدْغَـام مِثْلَـيْن مَـع الْغُنّـة دىيىلىـدۇ. تەشـدىدلىك « ن » ۋە « م » مۇ إِدْغَام مِثْلَـيْن مَـعَ الْغُنّـة دىيىلىدۇ. مەسـىلەن: وَأَمَنَهُمْ مِّنْ خَوْفٍ، مِنْ نِّعْمَةٍ، إِنّهُ، وَأَمّا

3-سوئال: إِدْغَام مِثْلَيْن بِلاغُنّة دىگەن نىمە؟

جـاۋاب: سـاكىنلىق « ن » ۋە سـاكىنلىق « م » دىـن باشـقا سـاكىنلىق ھەرپـلەر ئـۆزىگە ئوخشـاش ھەرپـكە ئۇچراشسـا إِدْغَـام مِثْلَـيْن بِلاغُنّـة دەپ ئاتىلىـدۇ. مەسـىلەن: بَـلْ لاَّ تُكْرِمُـوْنَ، اِضْـرِبْ بِعَصَاكَ الْحَجَرَ

4-سوئال: إِدْغَام مُتَجَانِسَيْن دىگەن نىمە؟

جـاۋاب: « ط د ت »، « ظ ذ ث »، « ب م » دىـن ئىبـارەت ئـۈچ مەخرەجـدىكى بىـرەر سـاكىنلىق ھەرپ، ئـۆزى بىـلەن مەخرەجـدە بىـر، نامـدا باشـقا بولغـان يەنە بىـر ھەرپـكە ئۇچراشسـا إِدْغَـام مُتَجَانِسَـيْن دەپ ئاتىلىـدۇ. مەسـىلەن: مَاعَبَـدْتُّمْ، يَـابُنَيَّ ارْكَـبْ مَّعَنَـا، إِذْ ظَّلَمُـوْا، يَلْحَثْ ذَّلِكَ

5-سوئال: إِدْغَام مُتَقَارِبَيْن دىگەن نىمە؟

جـاۋاب: سـاكىنلىق « ل » مەخرەجـدە يىقىـن بولغـان « ر » گە ۋە سـاكىنلىق « ق » مەخرەجـدە يىقىـن بولغـان « ك » قـا ئۇچراشسـا إِدْغَام مُتَقَارِبَيْن دىيىلىدۇ. مەسىلەن: وَقُلْ رَّبِّ، أَلَمْ نَخْلُقْكُّمْ

## 8-بۆلۈم المِيْمُ السَّاكِنَة

1-سوئال: ساكىنلىق « م » نىڭ قانچە خىل ئوقۇلىشى بار؟

جاۋاب: ساكىنلىق « م » نىڭ إِدْغَام مِثْلَيْن مَعَ الْغُنَّة ( ئوخشاش ئىككى ھەرپنى غۇننە قىلىپ بىر-بىرىگە كىرگۈزۈش ). إِخْفَاء شَفَوِي ( لەۋنى يۇمۇپ ئاۋاز نى بۇرۇندىن چىقىرىش ) . إِظْهَار شَفَوِي ( لەۋنى يۇمۇپ ئاشكارا ئوقۇش ) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھۆكۈمى بار.

2-سوئال: إِدْغَام مِثْلَيْن مَعَ الْغُنَّة قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ساكىنلىق « ن » نۇنغا، ساكىنلىق « م » مىمغا ئۇچراشقان ۋاقىتتا بولىدۇ. مەسىلەن: بِإِذْنِ رَبِّهِمْ مِنْ كُلِّ أَمْرٍ

3-سوئال: إِخْفَاء شَفَوِي قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ساكىنلىق « م » ئەگەر « ب » ھەرپىگە ئۇچراشسا إِخْفَاء شَفَوِي بولىدۇ. مەسىلەن: تَرْمِيْهِمْ بِحِجَارَةٍ مِّنْ سِجِّيْلٍ

4-سوئال: إِظْهَار شَفَوِي قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ساكىنلىق « م » ئەگەر « ب، م » ھەرپلىرىدىن باشقا ھەرپلەرگە ئۇچرىسا إِظْهَار شَفَوِي بولىدۇ. مەسىلەن: إِيْلا فِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ، أَلَمْ تَرَكَيْفَ

## 9-بۆلۈم حُكْمُ « ال »

1-سوئال: ئەلىف لام ( ال ) دىكى ساكىنلىق « ل » نىڭ ھەرپلەر بىلەن ئۇچرىششى قانچە خىل؟

جاۋاب: ئۈچ خىل بولىدۇ.

1) إِدْغَام شَمْسِيَة مَعَ الْغُنَّة (ساكىنلىق « ل » نىڭ قۇياش ھەرپىگە غۇننە بىلەن ئىدغام قىلىنىشى ).

2) إِدْغَام شَمْسِيَة بِلا غُنَّة (ساكىنلىق « ل » نىڭ قۇياش ھەرپىگە غۇننىسىز ئىدغام قىلىنىشى ).

3) إِظْهَار قَمَرِيَّة (ساكىنلىق « ل » نىڭ ئاي ھەرپىدە ئاشكارا ئوقۇلىشى ).

2-سوئال: إِدْغَام شَمْسِيَة مَعَ الْغُنَّة قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەلىف لام ( ال ) دىكى ساكىنلىق « ل » ئەگەر « ت ث د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ل ن » دىن ئىبارەت 14 قۇياش ھەرپى ئىچىدىكى « ن » غا ئۇچراشسا إِدْغَام شَمْسِيَة مَعَ الْغُنَّة بولىدۇ. مەسىلەن: بِرَبِّ النَّاسِ، إِلهِ النَّاسِ

3-سوئال: إِدْغَام شَمْسِيَة بِلا غُنّة قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەلىف لام ( ال ) دىكى ساكىنلىق « ل » نۇندىن باشقا قۇياش ھەرپىگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا إِدْغَام شَمْسِيَة بىلا غُنّة بولىدۇ. مەسىلەن: بِالدِّيْنِ، رِحْلَةَ الشِّتَاءِ

4-سوئال: إِظْهَار قَمَرِيّة قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەلىف لام ( ال ) دىكى ساكىنلىق « ل » ئەگەر « ا ب ج ح خ ع غ ف ق ك م و ه ي » دىن ئىبارەت 14 ئاي ھەرپىنىڭ بىرىگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا إِظْهَار قَمَرِيّة بولىدۇ. مەسىلەن: الحَمْدُ، هُوَ الأَبْتَرُ

## 10-بۆلۈم حُرُوْفُ الْمَدّ

1-سوئال: حُرُوْفُ المَدّ ( سوزۇش ھەرپى ) قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇلار « و ا ي »، وَاوٌ مُقَدِّرَة ( ئوقۇشتا بار، يېزىقتا يوق « و ») ۋە يَاءٌ مُقَدِّرَة ( ئوقۇشتا بار، يېزىقتا يوق « ي ») دىن ئىبارەت بەشتۇر.

2-سوئال: « و » قايسى ۋاقىتتا حَرْف المَدّ بولىدۇ؟

جاۋاب: « و » ئۆزى ساكىنلىق، ئالدىدىكى ھەرپ پېچلىق ھالەتتە بولسا ئۇ « و » حَرْف المَدّ بولىدۇ. مەسىلەن: فِى صُدُوْرِ النَّاسِ، غَيْرِ الْمَغْضُوْبِ

3-سوئال: « ا » قايسى ۋاقىتتا حَرْف المَدّ بولىدۇ ؟

جاۋاب: « ا » داۋاملىق بەلگىسىز، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك بولسا ئۇ « ا » حَرْف المَدّ بولىدۇ. مەسىلەن: مَالِكِ يَوْمِ الدِّيْنَ

4-سوئال: « ي » قايسى ۋاقىتتا حَرْف المَدّ بولىدۇ؟
جاۋاب: « ي » ساكىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىق بولسا ئۇ « ي » حَرْف المَدّ بولىدۇ. مەسىلەن: فِى جِيْدِهَا، لَخَبِيْرٌ
5-سوئال: وَاوٌ مُقَدِّرَة قايسى ۋاقىتتا حَرْف المَدّ بولىدۇ؟
جاۋاب: سۆز ئاخىرىغا قوشۇلغان پېچلىق ئالماش « ـهُ » نىڭ ئالدى زەبەر ياكى پېچلىق ئوقۇلغان ۋاقىتتا، مۇشۇ « ـهُ » دا قىياس قىلىنغان « و » حَرْف المَدّ بولىدۇ. مەسىلەن: إِنَّهُ، مَالُهُ
6-سوئال: يَاءٌ مُقَدِّرَة قايسى ۋاقىتتا حَرْف المَدّ بولىدۇ؟
جاۋاب: سۆز ئاخىرىغا قوشۇلغان زىرلىق ئالماش « ـهِ » نىڭ ئالدى زىر ئوقۇلغان ۋاقىتتا شۇ « ـهِ » دا قىياس قىلىنغان « ي » حَرْف المَدّ بولىدۇ. مەسىلەن: عَلَى رَجْعِهِ، إِلَى أَهْلِهِ

## 11-بۆلۈم حُكْمُ الْمُدُوْد

1-سوئال: سَبَب مَدّ ( حُرُوْفُ المَدّ نى سوزۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ) قانچە؟
جاۋاب: ھەمزە ( أ ) ۋە ساكىن( ْ ) دىن ئىبارەت ئىككىدۇر. مەسىلەن: إِقْرَأ، أَكْبَرُ
2-سوئال: « مد » قانچە قىسىم؟
جاۋاب: « مد » ئالتە قىسىمدۇر. 1) مَدّ طَبْعِيّ ( تەبىئى سوزۇش )، 2) مَدّ مُنْفَصِل ( ئايرىلما سوزۇش )، 3) مَدّ مُتَّصِل ( ئۇلانما سوزۇش )، 4) مَدّ لازم ( داۋاملىق سوزۇش )، 5) مَدّ عارض ( ۋاقىتلىق سوزۇش )، 6) مَدّ لِيْن ( يۇمشاق سوزۇش ) .
3-سوئال: مَدّ طَبْعِيّ قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟
جاۋاب: « حَرْف مَدّ » دىن كېيىن « سَبَب مَدّ » كەلمىسە مَدّ طَبْعِيّ بولىدۇ. « مَدّ طَبْعِيّ » نى بىر ئەلىف مىقدارىدا سوزۇش ۋاجىپ. مەسىلەن: مَالِكِ يَوْمِ الدِّيْنِ، كَانَ تَوَّاباً
4-سوئال: مَدّ مُنْفَصِل قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟
جاۋاب: « حَرْفُ مَدّ » دىن كېيىن سَبَب مَدّ بولغان « أ »

ئىككىنچى كەلىمىدە كەلسە مَدٌّ مُنْفَصِلٌ بولىدۇ. ئۇنى بىر ئەلىفتىن تۆت ئەلىفقىچە مىقداردا سوزۇش دۇرۇس. مەسىلەن: إِنَّآ أَعْطَيْنَا

ئەسكەرتىش: وَاوٌ مُقَدَّرَة بىلەن يَاءٌ مُقَدَّرَة دىن مَدّ طَبْعِيّ ۋە مَدّ مُنْفَصِل دىن باشقىسى تۈزۈلمەيدۇ. لېكىن سۈرە فۇرقاندا « فِيْهِ مُهَاناً » دىكى « فِيْهِ » مەد نىڭ شەرتىگە توشمىسىمۇ قارىيلار ئۇنى سوزۇپ ئوقۇپ كەلگەن.

5-سوئال: مَدّ مُتَّصِل قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: « حَرْف مَدّ » دىن كېيىن سَبَب مَدّ بولغان « أ » بىر كەلىمىدە كەلسە مَدّ مُتَّصِل بولىدۇ. « مَدّ مُتَّصِل » نى تۆت ئەلىف مىقداردا سوزۇش ۋاجىپ. مەسىلەن: إِذَا جَآءَ، عآئِلاً

6-سوئال: مَدّ لازم قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: « حَرْف مَدّ » دىن كېيىن ساكىن لازىم ( توختىغاندىمۇ، ئوقۇغاندىمۇ سَبَب مَدّ بولغان ساكىن ) كەلسە مَدّ لازم بولىدۇ. « مَدّ لازم » نى تۆت ئەلىف مىقداردا سوزۇش ۋاجىپ. مەسىلەن: وَلا الضَّآلِّيْنَ، وَلا تَحَآضُّوْنَ، الـم ( ا لامْ مِيْمْ )، ق (قافْ )، ص ( صادْ )، ن ( نونْ )

7-سوئال: مَدّ عارض قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: « حَرْف مَدّ » دىن كېيىن ساكىن عارض ( توختىغاندا بار، ئوقۇغاندا يوق بولغان ساكىن سَبَب مَدّ بولۇپ ) كەلسە مَدّ عارض بولىدۇ. « مَدّ عارض » نى بىر ئەلىفتىن تۆت ئەلىفقىچە مىقداردا سوزۇش دۇرۇس. مەسىلەن: نَسْتَعِيْنُ، مُسْتَقِيْمٌ

8-سوئال: مَدٌّ لِيْنٌ قايسى ۋاقىتتا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئالدى زەبەرلىك بولغان ساكىنلىق « و » ياكى « ي » دىن كېيىن « ساكىن لازىم » ياكى « ساكىن عارض » كەلسە مَدّ لِيْن بولىدۇ. مەسىلەن: مِنْ خَوْفٍ، وَالصَّيْفِ، عسق ( عَينْ، سِينْ، قَافْ )

## 12-بۆلۈم السَّكْتَة

1-سوئال: « سَكْتة » دىگەن نىمە؟
جاۋاب: « سَكْتة » بىر ئاز توختاپ ئوقۇش دىگەنلىكتۇر.
2-سوئال: قرآن دا قانچە يەردە « سَكْتة » بار؟
جاۋاب: قرآن دا تۆت يەردە « سَكْتة » بار. 1) سۇرە كەھف دىكى « عِوَجاً ※ قَيِّماً »، 2)- سۇرە ياسىن دىكى « مِنْ مَّرْقَدِنَا ※ هذَا »، 3) سۇرە قىيامەتتىكى « مَنْ ※ رَاقٍ »، 4) سۇرە مۇتەففىفىين دىكى « بَلْ ※ رَانَ » .
3-سوئال: قرآن دا قانچە يەردە « هآءُ السَكْتة » بار؟
جاۋاب: ئاسىمنىڭ كۆز قارىشىدا قرآن دا يەتتە يەردە « هآءُ السَكْتة » بار، 1) لَمْ يَتَسَنَّهْ، 2) فَبِهُدَى هُمُ اقْتَدِهْ، 3) كِتَابِيَهْ، 4) حِسَابِيَهْ، 5) سُلْطَانِيَهْ، 6) مَالِيَهْ، 7) مَاهِيَهْ. ئەمما باشقىلار « كِتَابِيَهْ » ۋە « حِسَابِيَهْ » دىن باشقىسىدا « هآءُ السَكْتة » بارلىقىنى ئىسپاتلىمىدى. توختىغاندا بولسا « هآءُ السَكْتة » نىڭ ئىسپاتى بىرلىككە كېلىنگەن.
4-سوئال: « وَقْفة » قانداق بولىدۇ؟
جاۋاب: سۆز ئاخىرى تەنۋىنلىك ياكى ھەرىكەتلىك ياكى تەشدىدلىك بولسا ساكىن ئوقۇلىدۇ. لېكىن، قوش زەبەرلىك بولسا ئەلىف « ا » قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: لَخَبِيْرْ، تَعْلَمُوْنْ، وَتَبّ، ضَبْحَا
6-سوئال: سۆز ئاخىرىدا « ة » بولسا « وَقْفة » قانداق بولىدۇ؟
جاۋاب: « هآءُ السَكْتة » گە ئۆزگەرتىپ ساكىن قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: فِى الحُطَمَة
_ئەسكەرتىش:_ سۆز ئاخىرىدا « ت » بولسا ساكىن قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: لايَمُوْتْ؛ ئەگەر سۆز ئاخىرىدا « ـه » بولسا ساكىن قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: اِلَيْهْ لِلّٰهْ
7-سوئال: تىنىق قىسىلسا قانداق ئوقۇلىدۇ؟
جاۋاب: سۆز ئاخىرى توختىلىپ ئوقۇلىدۇ، ئەمما سۆزنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىسىدا توختاش خاتادۇر.
8-سوئال: توختىمايدىغان ئورۇندا توختاپ قالساق قانداق

قىلىمىز؟

جاۋاب: سۆز ئاخىرىنى ساكىن قىلىش بىلەن بىرگە توختاپ، ئورنىغا قاراپ بىر-ئىككى سۆز يۇقىرىدىن باشلاپ ئوقۇيمىز.

مەسىلەن: طَيْرًا أَبَابِيْلَ ← أَبَابِيْلَ تَرْمِيْهِمْ بِحِجَارَةٍ مِّنْ سِجِّيْلٍ

# 13-بۆلۈم ئوقۇشلۇق

[ قُرآن دىكى خاس ئاتالغۇلارنى چۈشەندۇرۇش ]

م : قرآن نى ئوقۇۋاتقان كىشىدىن بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايىنىڭ ئۆزىدە توختىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

لا : بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى چەكلىنىدۇ.

ج : بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى جايىزدۇر .

ز : بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى جايىز قىلىنغان.

ص : بۇ بەلگىنى كۆرگەن جايدا توختىشى رۇخسەت قىلىنغان.

ق : توختاشقا بولىدۇ دەپ قارالغان جاي.

قِف : « توختا » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قلى : بۇ بەلگە قەيەردە بولسا شۇ جايدا توختاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

صلى : بۇ بەلگە قەيەردە بولسا شۇ جايدا ئۇلاپ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

س : تىنىقنى بىر ئاز توختىتىش بەلگىسى.

ع : بۇ بەلگە قويۇلغان جايدا ئوقۇشنى توختىتىشقا بولىدىغانلىقىنى؛ بىر سۈرىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى؛ ناماز ئۆتىگەندە، بۇ بەلگە بار جايغا كەلگەندە، رۇكۇ قىلىش ئۈچۈن توختاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ط : بۇ بەلگە مۇتلەق توختاشنى بىلدۈرىدۇ.

اللە نىڭ يادرىمە بىلەن تامام بولدى